# ئۇيغۇرلار سېتىلىدۇ

## شىنجاڭدىن ھالقىغان «قايتا تەربىيەلەش»،
## مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە نازارەت


**Vicky Xiuzhong Xu**

Danielle Cave, Dr James Leibold, Kelsey Munro, Nathan Ruse






ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى

26 / 2020 - نومۇرلۇق دوكلات

ASPI AUSTRALIAN STRATEGIC POLICY INSTITUTE

INTERNATIONAL CYBER POLICY CENTRE

# ئۇيغۇرلار سېتىلىدۇ

## شىنجاڭدىن ھالقىغان «قايتا تەربىيەلەش»، مەجبۇرىي ئەمگەك ۋە نازارەت


Vicky Xiuzhong Xu

Danielle Cave, Dr James Leibold, Kelsey Munro, Nathan Ruse

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت ئىنستىتۇتى



26 / 2020 - نومۇرلۇق دوكلات

تەرجىمە قىلغۇچى:
مەمەتتوختى ئاتاۋۇللا

UYGUR ARAŞTIRMA ENSTİTÜSÜ
ئۇيغۇر تەتقىقات ئىنستىتۇتى
UYGHUR RESEARCH INSTITUTE




## مەسىلە نېمە؟

خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت[1] پۇقرالىرىنى يىراق غەربىي رايون شىنجاڭدىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى زاۋۇتلارغا كەڭ كۆلەمدە يۆتكەش سالمىقىنى زورايتتى. ئۇيغۇرلار، نۆۋەتتە، Apple، BMW، Gap، Sony، Samsung، Nike، Huawei ۋە Volkswagen ... قاتارلىق تېخنولوگىيە، كىيىم-كېچەك ۋە ئاپتوموبىل ساھەسىدىكى كەم دېگەندە 83 داڭلىق دۇنياۋى ماركىلارنىڭ تەمىنات زەنجىرىدە يەر ئالغان زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتىدۇ.

بۇ دوكلاتتا مۆلچەرلىنىشىچە، 2017 - يىلدىن 2019 - يىلغىچە، جەمئىي 80 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر «شىنجاڭ»دىن خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىۋاستە تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىدىن ئەۋەتىلگەن.[2] ئەمەلىيەتتە، بۇ ئېھتىيات بىلەن قىلىنغان ئەڭ تۆۋەن مۆلچەر، ھەقىقىي سان تېخىمۇ يۇقىرى بولۇشى مۇمكىن. ياقا يۇرتلاردىكى زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقان بۇ ئۇيغۇرلار ئادەتتە ئايرىۋېتىلگەن ياتاقلاردا تۇرىدۇ،[3] ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا خىتايچە ئۆگىنىشكە ۋە ئىدىيەۋى تەربىيەلەشكە قاتناشتۇرۇلىدۇ،[4] داۋاملىق نازارەت قىلىنىدۇ ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىشى مەنئىي قىلىنىدۇ.[5] ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن مەنبەلەر يۆتكەلگەن ئىشچىلارغا كۆزەتكۈچى ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكەت ئەركىنلىكىگە چەك قويۇلىدىغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە.[6]

خىتاي، «شىنجاڭ»دىكى قانۇنسىز «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» سەۋەبىدىن خەلقئارانىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچراپ كەلدى.[7] بۇ دوكلاتتا خىتايدىكى بەزى زاۋۇتلارنىڭ دۆلەتنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پىلانى بويىچە،

ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشقا قاتنىشىۋاتقان دائىر يىپ پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق، خىتاينىڭ ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنى نىشان قىلغان ئىجتىمائىي قايتا قۇرۇش پائالىيىتىنىڭ يىپ باسقۇچى ئاشكارىلىنىدۇ ۋە بۇنىڭ يەرشارى تەمىنات زەنجىرىنى بۇلغاۋاتقانلىقى يورۇتۇپ بېرىلىدۇ.

## ھەل قىلىش چارىسى نېمە؟

خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە دۆلەت ئىچى قانۇنلىرىدا بەلگىلەنگەن پۇقراۋى، مەدەنىي ۋە ئەمگەك ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشى، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇرۇشى، ھەممە بارلىق پۇقرالارنىڭ ئىشلەش ۋە يۆتكىلىش قارارلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئەركىن چىقىرىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

تەمىنات زەنجىرىدە ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئىشلىتىۋاتقان شىركەتلەر مەجبۇري ئەمگەك بىلەن ياسالغان تاۋارلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەشكە ياكى تەمىنات زەنجىرىدىكى مەجبۇري ئەمگەك خەۋپىنى ئاشكارىلاشقا ئالاقىدار قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن.[8] بۇ دوكلاتتا ئىسمى تىلغا ئېلىنغان شىركەتلەر دەرھال ئۆزلىرىنىڭ خىتايدىكى زاۋۇتلىرىدىكى ئەمگەك كۈچلىرىگە قارىتا، كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن، ئۇزۇل-كېسىل ۋە مۇستەقىل تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشى كېرەك. بۇ جەرياندا ئىشچىلارنىڭ تېخىمۇ بەك زىيانكەشلىككە ئۇچرىشىدىن ساقلىنىش لازىم.

چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى، كارخانىلار ۋە پۇقراۋى تەشكىلاتلار خىتاي ھۆكۈمىتىگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ مەجبۇري ئەمگەككە سېلىنىشى ۋە قانۇنسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى كېرەك. بۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنى

خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلاتى (ILO) نىڭ 1930 (29-نومۇرلۇق) مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسى ۋە 2014 مەجبۇرىي ئەمگەك ئەھدىنامىسى قائىدىسى... قاتارلىق خەلقئارالىق كېلىشىملەرنى تەستىقلاشقا قىستاشنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.[9] ئىستېمالچىلار ۋە ئىستېمالچىلارنى قوغداش جەمئىيەتلىرى خىتايدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شىركەتلەردىن ئۆزلىرىنىڭ تەمىنات زەنجىرىگە قارىتا كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقلارغا رىئايە قىلىۋاتقانلىقىغا ۋە ھەر قانداق شەكىلدىكى مەجبۇرىي ئەمگەك تۈرىگە ئارىلىشىپ قالمىغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىشى كېرەك.

# ئاساسي مەزمۇنى

2017 ـ يىلدىن باشلاپ، بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەت ئەزالىرى يىراق غەربىي رايون شىنجاڭدىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» تورى ئىچىدە غايىب بولدى.[10] بەزى مۇتەخەسسىسلەر بۇ تورنى ھۆكۈمەت رەھبەرلىكىدىكى سىستېمىلىق مەدەنىيەت قىرغىنچىلىقى پىروگراممىسى دەپ ئاتايدۇ.[11] لاگېرلارنىڭ ئىچىدە، مەھبۇسلار سىياسىي مېڭە يۇيۇشقا ئۇچرايدۇ ، دىنى ۋە مەدەنىيىتىدىن ۋاز كېچىشكە مەجبۇرلىنىدۇ، بەزى ئەھۋاللاردا قىيىن-قىستاققا ئېلىنىدۇ.[12] خىتاي دائىرىلىرى ئىزچىل ھالدا، «دىنىي ئاشقۇنلۇق»قا قارشى تۇرۇش نامىدا،[13] مۇسۇلمانلارنى خىتايدىكى كۆپ سانلىق مىللەت خەنلەرنىڭ قىياپىتىدە قايتا قۇرۇپ چىقىشقا ئۇرۇنۇپ كەلگەنىدى.

ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ «بارلىق تەربىيەلەنگۈچىلەر ئوقۇش پۈتتۈردى»[14] دېيىشىگە ئەگىشىپ، «قايتا تەربىيەلەش ھەرىكىتى» يېڭى باسقۇچقا كىرگەنىدەك قىلىدۇ. نۆۋەتتە كۆپ ساندىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدىكى زاۋۇتلاردا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقانلىقىغا دائىر دەلىللەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ تۇرماقتا.[15] بۇ دوكلاتتا بولسا شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى زاۋۇتلارنىڭمۇ، ھۆكۈمەتنىڭ تەشكىللىشى بىلەن قايتىدىن جانلانغان، ئېكسپىلاتاتسىيە تىپىدىكى ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەش پىلانى[15] بويىچە، ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ئىشلىتىۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. قارىغاندا، بىر قىسىم زاۋۇتلار «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» دىن بىۋاسىتە ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ئىشلىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

ئاۋستىرالىيە ئىستراتېگىيىلىك سىياسەت تەتقىقات ئورنى (ASPI) خىتاينىڭ

توققۇز ئۆلكىسىدە 2017 ـ يىلىدىن باشلاپ شىنجاڭدىن يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىۋاتقان 27 زاۋۇتنى ئېنىقلاپ چىقتى. ئېيتىلىشىچە، بۇ زاۋۇتلار دۇنياۋى 83 داڭلىق ماركىنىڭ تەمىنات زەنجىرىنىڭ بىر قىسمى ئىكەن.[17] مۆلچەرىمىزچە، 2017 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا، مەركىزىي هۆكۈمەتنىڭ ئاتالمىش «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» (援疆) سىياسىتى[18] ئاستىدا ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پروگراممىسى بويىچە ئاز دېگەندە 80 مىڭ ئۇيغۇر شىنجاڭدىن يۆتكىلىپ، زاۋۇتلارغا تەقسىم قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا تۇتۇپ تۇرۇش ۋە سىياسىي تەربىيەلەش ئاپپاراتلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بۇ خىزمەت ۋەزىپىلىرىنى رەت قىلىش ياكى ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتى ئاساسەن يوقتۇر.[19] توختىماي نازارەت قىلىنىشتىن باشقا، هۆكۈمەت بۇيرۇغان خىزمەت تاپشۇرۇقىنى رەت قىلغان ئاز سانلىق مىللەت پۇقرالىرىنىڭ بېشىدا هەر ۋاقىت خالىغانچە تۇتقۇن قىلىنىش خەۋپى ئەگىپ يۈرىدۇ.[20]

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، يەرلىك هۆكۈمەتلەر ۋە خۇسۇسىي ۋاسىتىچىلەرگە ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشكە تەشكىللىگىنى ئۈچۈن شىنجاڭ ئۆلكىلىك هۆكۈمەت تەرىپىدىن كىشى بېشىغا قاراپ تولۇقلىما بېرىلىدۇ.[21] ئىشچىلارنى يۆتكەش هازىر خىتاي هۆكۈمىتى «كەسپىي تەربىيەلەش» دەپ ئاتاۋاتقان «قايتا تەربىيەلەش» جەريانىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولۇپ قالغان.[22] يەرلىك هۆكۈمەتنىڭ 2019 ـ يىلىدىكى بىر خىزمەت دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلگەن: «تەربىيەلەنگەن هەر بىر تۈركۈم (ئىشچىلار)، بىر تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ ۋە يۆتكىلىدۇ. ئىشقا ئورۇنلاشقانلار مۇكەممەل ئىدىيەۋىي تەربىيە ئېلىشى ۋە خىزمىتىنى داۋاملاشتۇرۇشى كېرەك.»[23]

بۇ دوكلاتتا، دۇنياۋى داڭلىق ماركىلارنىڭ تەمىنات زەنجىرىدە يەر ئالغان خىتاي زاۋۇتلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان ئۇيغۇر ئىشچىلارغا مۇناسىۋەتلىك ئۈچ ئۆرنەك تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغان. بىرىنچى ئۆرنەك تەتقىقاتتا، خىتاينىڭ شەرقىدە ئامېرىكىنىڭ Nike شىركىتى ئۈچۈن ئاياغ ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر زاۋۇتنىڭ تىكەنلىك سىم رىشاتكىلار بىلەن قورشالغانلىقى، زاۋۇتتا كۆزىتىش مۇنارى ۋە ساقچى قاراۋۇلخانىسى تەسىس قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان. ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر ئىشچىلىرى خەنزۇ كەسىپداشلىرىنىڭ ئەكسىچە، تەتىلدە ئۆيىگە قايتالمايدىكەن (8 ـ بەتكە قاراڭ). ئىككىنچى ئۆرنەك تەتقىقات، Adidas بىلەن Fila نى تەنتەربىيە كىيىملىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان خىتاينىڭ شەرقىي قىسمىدىكى يەنە بىر زاۋۇت ھەققىدە بولۇپ، پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇر ئىشچىلىرى بۇ زاۋۇتقا شىنجاڭنىڭ «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىن بىۋاستە يۆتكەلگەن (18 ـ بەتكە قاراڭ). ئۈچىنچى ئۆرنەك تەتقىقاتتا بولسا، ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچى ئارقىلىق ئالما ياكى ئۇلارنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرى ئۈچۈن زاپچاس ئىشلەپچىقىرىدىغان بىر قانچە خىتاي زاۋۇتىنى ئېنىقلاپ چىقىمىز. سىياسىي تەربىيە ئۇلارنىڭ خىزمەت ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ (21 ـ بەتكە قاراڭ).

بۇ تەتقىقات دوكلاتىدا، ئوچۇق مەنبەلىك خىتايچە ھۆججەتلەر، سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىر ئانالىزى، ئىلمىي تەتقىقات ۋە نەق مەيدان ئاخبارات خەۋەرلىرى ئاساس قىلىنىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئاز سانلىق مىللەتلەرنى باستۇرۇشىنىڭ يېڭى باسقۇچىنىڭ ئارقىسىدىكى سىياسەتلەر تەھلىل قىلىنىدۇ. دوكلاتتا يەنە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىۋاتقانلىقى ۋە بىلىپ-بىلمەي چەتئەل-خىتاي شىركەتلىرىنىڭ بۇ كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە چېتىلىپ قالغانلىقىغا ئائىت ئىسپاتلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ASPI نىڭ تەتقىقاتى 2019 - يىلىغىچە جەمئىي 83 چەتئەل ۋە خىتاي شىركىتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پروگراممىسى ئارقىلىق شىنجاڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلاردىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا پايدىلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. بۇ شىركەتلەر تۆۋەندىكىچە:

Abercrombie & Fitch, Acer, Adidas, Alstom, Amazon, Apple, ASUS, BAIC Motor, BMW, Bombardier, Bosch, BYD, Calvin Klein, Candy, Carter’s, Cerruti 1881, Changan Automobile, Cisco, CRRC, Dell, Electrolux, Fila, Founder Group, GAC Group (automobiles), Gap, Geely Auto, General Motors, Google, Goertek, H&M, Haier, Hart Schaffner Marx, Hisense, Hitachi, HP, HTC, Huawei, iFlyTek, Jack & Jones, Jaguar, Japan Display Inc., L.L.Bean, Lacoste, Land Rover, Lenovo, LG, Li-Ning, Mayor, Meizu, Mercedes-Benz, MG, Microsoft, Mitsubishi, Mitsumi, Nike, Nintendo, Nokia, The North Face, Oculus, Oppo, Panasonic, Polo Ralph Lauren, Puma, Roewe, SAIC Motor, Samsung, SGMW, Sharp, Siemens, Skechers, Sony, TDK, Tommy Hilfiger, Toshiba, Tsinghua Tongfang, Uniqlo, Victoria’s Secret, Vivo, Volkswagen, .Xiaomi, Zara, Zegna, ZTE

بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ماركىلار بىردىن كۆپ زاۋۇتلار بىلەن چېتىشلىق.

بۇ سانلىق مەلۇماتلار ئېلان قىلىنغان تەمىنلىگۈچىلەر تىزىملىكى

ۋە تاراتقۇلارنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاساس قىلغان. ASPI مۇناسىۋەتلىك تەمىنلىگۈچىلەرنىڭ تەپسىلاتلىرىنى دەلىللەش ئۈچۈن مەزكۇر 83 ماركا بىلەن ئالاقىلاشتى. دوكلات ئېلان قىلىنىشتىن بۇرۇن جاۋاب قايتۇرغان شىركەتلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىنى بىز بۇ دوكلاتقا كىرگۈزدۇق. ناۋادا ھەر قانداق بىر شىركەت مەزكۇر دوكلات ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن جاۋاب قايتۇرسا، بىز ئۇنى توردا ئېلان قىلىمىز.

ASPI نىڭ دىققەت قىلىشىچە، ئاز ساندىكى ماركىلار ساتقۇچىلىرىنى 2020 - يىلى بۇ تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرۇشقا بۇيرۇغان. Bosch، Adidas ۋە Panasonic نى ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا ماركىلار بولسا ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك پىلانىغا چېتىشلىق تەمىنلىگۈچىلەر بىلەن بىۋاسىتە توختام مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، ئەمما ھېچقانداق بىر ماركىنىڭ تەمىنات زەنجىرىنىڭ تېخىمۇ تۆۋەن قىسمىدا بىر باغلىنىشنىڭ بولۇشىنى رەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئېيتقان.

مەزكۇر دوكلات مۇناسىۋەتلىك زاۋۇتلار ۋە تەمىنات زەنجىرىدە مەجبۇرىي ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچى ئېلېمېنتى بار بولغان ماركىلار تەپسىلىي بايان قىلىنغان قوشۇمچە ماتېرىياللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دوكلاتتا يەنە خىتاي ھۆكۈمىتى، شىركەتلىرى، چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ئۈچۈن كونكېرت تەكلىپلەر سۇنۇلىدۇ.

# ئۇيغۇرلارنى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىش

خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتى مەجبۇري ئەمگەككە سېلىشنىڭ 11 خىل كۆرسەتكۈچىنى ئېلان قىلغان.[24] ئۇيغۇر ئىشچىلار مەسىلىسىگە ئالاقىدار كۆرسەتكۈچلەر تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى مۇمكىن:

- تۈرمىگە سولاشقا ئوخشاش تەھدىت ۋە قورقۇتۇشلارغا دۇچ كېلىش، بىخەتەرلىك خادىملىرى ۋە رەقەملىك نازارەت قىلىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ تەقىپ قىلىشىغا ئۇچراش.
- موھتاج ۋە چارىسىز ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويۇش. مەسىلەن: «شىنجاڭ»دىكى ئائىلە ئەزالىرىغا تەھدىت سېلىش ئارقىلىق.
- ھەرىكەت ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قالدۇرۇش. مەسىلەن: سىم توسۇقلۇق زاۋۇتلاردا ۋە يۇقىرى تېخنىكىلىق نازارەت ئاستىدا تۇتۇش.
- يېتىم قالدۇرۇش. مەسىلەن: ئايرىم ياتاقلاردا ياتقۇزۇش ۋە مەخسۇس پويىزلاردا يۆتكەش.
- ئىشلەش شارائىتى ناچار بولۇش. مەسىلەن: سىياسىي ئۆگىنىش، زاۋۇتلاردىكى ساقچى قاراۋۇلخانىلىرى، ھەربىيچە باشقۇرۇش ۋە دىنىي پائالىيەتلەرگە يول قويماسلىق.
- ئىسمېنا قوشۇپ ئىشلەش. مەسىلەن: خىزمەت تەقسىماتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە ئىشتىن كېيىنكى خىتايچە ئۆگىنىشدەرسلىرى، سىياسىي ئۆگىنىشىيغىنلىرى.[25]

خىتاينىڭ دۆلەت تاراتقۇلىرى ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەش پروگراممىسىغا قاتنىششىنىڭ ئىختىيارىي شەكىلدە داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلغان،

شۇنداقلا خىتاي ئەمەلدارلىرى شىنجاڭدىن كىشىلەرنى مەجبۇرىي يۆتكەپ سودا خاراكتېرلىك ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى ئىنكار قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ،[26] بىراق خىتايدىن قېچىپ چىقىپ سۆزلەش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئىشچىلار بۇ زاۋۇتلاردا ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە ئىزچىل شىنجاڭدىكى يىغىۋېلىش لاگېرلىرى، ھەتتا ئەنئەنىۋىي تۈرمىلەرگە ئەۋەتىلىشتىن قورقۇپ تۇرغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا.[27]

شىنجاڭنىڭ سىرتىدىكى زاۋۇتلاردا بۇلارنىڭ ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان پاكىتلار بار. «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى» ياكى «نامرات ئەمگەك كۈچلىرى» دەپ ئاتىلىدىغان ئۇيغۇر ئىشچىلار دائىم خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئايرىم پويىزلاردا توشۇلىدۇ[28] ۋە بىر قانچە يىللىق توختام مۇددىتى توشقاندىن كېيىن يەنە ئوخشاش ئۇسۇلدا يۇرتىغا قايتۇرۇلىدۇ.[29]

كۆپلىگەن مەنبەلەردىن ئايان بولۇشىچە، خىتاي مىقياسىدىكى زاۋۇتلاردا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئىشچىلار ئاتالمىش ھەربىي تۈزۈمدە باشقۇرۇش (军事化 管理) ئاستىدا جاپالىق ۋە غېرىبانە ياشىماقتا.[30] ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلاردا، ئۇلار زاۋۇت ئورۇنلاشتۇرغان خىتايچە ئۆگىنىشكۇرسلىرىغا قاتنىشىدۇ ۋە سىياسىي تەربىيە ئالىدۇ.[31] ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.[32] ھەر 50 ئىشچىغا بىردىن ھۆكۈمەت مەسئۇلى ئورۇنلاشتۇرۇلغان. يەنە ئۇلار مەخسۇس بىخەتەرلىك خادىملىرى تەرىپىدىن نازارەت قىلىنىدۇ.[33] ئۇلارنىڭ ئاساسەن ھەرىكەت ئەركىنلىكى يوق بولۇپ، قاتتىق نازارەت قىلىنىدىغان ياتاقلاردا شىنجاڭدىكى ئائىلىسى ۋە پەرزەنتلىرىدىن ئايرىلغان ھالدا ياشايدۇ.[34] بۇنىڭدىن سىرت، بىر قىسىم زاۋۇتلاردا ئۇلارنىڭ مائاشلىرىنىڭ خىتاي خىزمەتداشلىرىدىن تۆۋەن ئىكەنلىكىمۇ ئىسپاتلانغان،[35] گەرچە دۆلەت تاراتقۇلىرى ئۇلارنىڭ مائاشىنىڭ ئالاھىدە ياخشى ئىكەنلىكىنى داۋراڭ قىلغان بولسىمۇ.[36]

خىتاي دائىرىلىرى ۋە كارخانا خوجايىنلىرى ئۇيغۇر ئىشچىلارنى ئادەملىك ۋە ئېلېكترونلۇق ئىز قوغلاش ئارقىلىق ئىدارە قىلىدۇ.[37] ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر ھۆججىتىدە كۆرسىتىلىشىچە، شىنجاڭ ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى تەرىپىدىن بىر سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ياساپ چىقىلغان، 100 كىشىلىك بىر مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بۇ سانلىق مەلۇمات ئامبىرى ھەر بىر ئىشچىنىڭ تىببىي، ئىدىيەۋىيي ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئەھۋاللىرىنى خاتىرىلەپ ماڭىدىكەن.[38]

بۇ ئامبار ئۇچۇرلارنى ئىشچىلارنىڭ شەخسىي ئۇچۇرلىرىنى ساقلايدىغان ئىجتىمائىي پاراۋانلىق كارتىلىرىدىن ئالىدىكەن. ئۇ يەنە ئۈندىدار گۇرۇپپىلىرى ۋە ھەر بىر ئىشچىنىڭ ئىش-ھەرىكىتىنى ئىز قوغلاپ تەكشۈرىدىغان نامەلۇم بىر يانفون دېتالىدىنمۇ ئۇچۇرلارغا ئېرىشىدىكەن.[38]

خىتاي شىركەتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتەلىگەنلىكى ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ گۈزەل، ھەم «كۈندە يۈيۈنۈپ تۇرىدىغان» «زامانىۋى» يۇقىرىغا ئايلاندۇرالىغانلىقىدىن پەخىرلەنمەكتە.[42]

بەزى ئەھۋاللاردا، شىنجاڭدىكى يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ئىشچىلارنىڭ شىنجاڭدىكى ئائىلىسىنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن كومپارتىيە كادىرلىرىنى ئەۋەتكەن.[43] بۇنىڭدىن مەقسەت ئىشچىلار ناۋادا زاۋۇتتا بىرەر ئىش چىقارسا بۇنىڭ بەدىلىنى ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئۆتەيدىغانلىقىنى ئۇلارغا ئەسلىتىپ تۇرۇش. بىر ھېسابتا بۇ ئىشچىلارنىڭ ئۆزى خالاپ بۇ زاۋۇتلارغا كەلمىگەنلىكىنىڭ تېخىمۇ كۈچلۈك ئىسپاتى.

فۇجيەندىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەش پىلانىدىن خەۋەردار بىر كىشى

دىنىي ۋە ئىنسانىي ھوقۇق ئورگىنى «زېمىستان»غا: ئىشچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»نىڭ سابىق تۇتقۇنلىرى ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ھۆكۈمەتنىڭ خىزمەت تەقسىماتىغا بويسۇنمىسا قايتا تۇتۇلۇش بىلەن تەھدىت سېلىنغانلىقىنى ئېيتقان.[44] فۇجيەنگە ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن بىر ئۇيغۇرمۇ مەزكۇر ئورگانغا ساقچىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ياتىقىنى قەرەللىك چارلايدىغانلىقىنى ۋە دىنىي مەزمۇن بارمۇ-يوق دەپ تېلېفونلىرىنى ئاختۇرۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ناۋادا بىرەر قۇرئان چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ ئىگىسىنىڭ 3-5 يىللىق «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»غا ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان.[45]

بۇ دوكلاتنىڭ ئۆرنەك تەتقىقات قىسمىدا بايان قىلىنغان ئۇيغۇرلارغا قىلىنغان بۇ خىل مۇئامىلە دىنىي ۋە مىللىي ئايرىمىچىلىقنى چەكلەشكە دائىر خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى[46] ۋە خەلقئارا قانۇنلارغا خىلاپتۇر.

گەرچە شىنجاڭدىن يۆتكەلگەن پۈتۈن ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ مەجبۇرىي يۆتكەلگەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلمىسەكمۇ، يېتەرلىك تەپسىلاتقا ئىگە بولغان بۇ ئۆرنەكلەر خەلقئارا ئەمگەكچىلەر تەشكىلاتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك ئېنىقلىمىسىغا كۆرە ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك مەجبۇرىي ئەمگەك قىلمىشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

# ئۈرنەك تەتقىقات 1: چىڭداۋدا نايكىنىڭ تەنھەرىكەت ئاياغلىرىنى ياساۋاتقان ئۇيغۇر ئىشچىلىرى

رەسىم 1: تەيگۇاڭ ئاياغ زاۋۇتىدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلار خىتاي بايرىقىنى لەپىلدەتمەكتە، 2019 - يىلى، ئۆكتەبىر.



*مەنبە: «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قەلب رىشتىسىنى ئورنىتايلى»* (加强爱国主义教育搭建民族团结连心桥)، خىتاي مىللەت-دىن تورى(中国民族宗教网)
*2019 - يىلى، 7 - نويابىر.*

2020 - يىلى يانۋاردا، شىنجاڭدىن كەلگەن 600 دەك ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىسى چىڭداۋ تەيگۇاڭ ئاياغچىلىق چەكلىك شىركىتىدە (青岛泰光制鞋有限公司) ئىشقا ئورۇنلاشقان.[47] تەيگۇاڭنىڭ ئاساسلىق خېرىدارى ئامېرىكىنىڭ دۆلەت ھالقىغان شىركىتى نايك (Nike) تۇر.[48] بۇ شىنجاڭلىق ئىشچىلار ئاساسلىقى خىتاي ھۆكۈمىتى ئىزچىل «قالاق» ۋە «دىنىي ئەسەبىيلىكنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان» دەپ تەسۋىرلەيدىغان جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن ئاياللاردىن تەشكىللەنگەن.[49]

بۇ ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەر كۈندۈزى زاۋۇتتا نايكىنىڭ ئاياغلىرىنى تىكىدۇ. ئاخشىمى بولسا كەچلىك كۇرسلارغا قاتنىشىپ، خىتاينىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئوقۇغاچ، خىتايچە ئۆگىنىدۇ؛ ھەمدە «كەسپىي تەربىيەلەنگەچ»،

«ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسى» ئالىدۇ.[50] دەرسلەرنىڭ مەزمۇنى شىنجاڭدىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىكى بىلەن ئوخشاش.[51]

تەيگۇاڭنىڭ زاۋۇت رايونى خىتاينىڭ شەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى چىڭداۋنىڭ شىمالىدىكى لەيشى شەھىرىگە جايلاشقان بولۇپ، كورېيە خىمىيە ۋە توقۇمىچىلىق گۇرۇھى (chaebol)غا تەۋە. تەيگۇاڭنىڭ لەيشى زاۋۇتى نايكىنىڭ ئەڭ چوڭ ئاياغ ئىشلەپچىقارغۇچىلىرىدىن بىرى بولۇپ،[52] بۇ زاۋۇت مەزكۇر ئامېرىكا ماركىسى ئۈچۈن يىلىغا يەتتە مىليون جۈپتىن ئارتۇق ئاياغ ئىشلەپ بېرىدۇ.[53]

رەسىم 2: تەيگۇاڭنىڭ تەمىنات زەنجىرى




*مەنبە: لەيشى ھۆكۈمەت كومىتېتى ئېلان قىلغان ئاخباراتقا ئاساسلانغاندا، 2007 - يىلدىن باشلاپ «60 نەچچە تۈركۈم» بويىچە، جەمئىي 9800 ئۇيغۇر ئىشچى چىڭداۋ تەيگۇاڭ ئاياغ زاۋۇتىغا يۆتكەلگەن. «ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ قەلب رىشتىسىنى ئورنىتايلى» (加强爱国主义教育搭建民族团结连心桥)، خىتاي مىللەت-دىن تورى 中国民族宗教网 2019 - يىلى، 7 - نويابىر.*

2019 - يىلى ئىيۇندا، تەيگۇاڭ كەچلىك مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، يەرلىك بىرلىكسەپ ئىشخانىسىنىڭ بىر ئەمەلدارى[54] ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنى دۆلەت ۋە مىللەتكە بولغان تونۇشىنى كۈچەيتىشكە چاقىرغان.[55] بۇ مەكتەپ «ئانارنىڭ

دانىسى» كەچلىك مەكتىپى (3 - رەسىم) دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ ئىسىم خىتاي رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ «ھەر مىللەت خەلقى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشى كېرەك» دېگەن سۆزىدىن ئېلىنغان.[56]

رەسىم 3: تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان «ئانارنىڭ دانىسى» كەچلىك مەكتىپىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى، 2019 - يىل، ئىيۇن.



*مەنبە: «شەھەرلىك بىرلىك سەپ خىزمەت بۆلۈمىنىڭ «ئانارنىڭ دانىسى» كەچلىك مەكتىپى: چىڭداۋ تەيگۇاڭنىڭ خىتايچە دەرسلىرىگە نەزەر» (市委统战部'石榴籽'夜校 走进青岛泰光举办普通话培训班)، لەيشى بىرلىكسەپ (莱西 统一战线)، ئۈندىدار، 2019 - يىل، 1 - ئىيۇن.*

«ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى»نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، زاۋۇتتا ئىشلەيدىغان ئۇيغۇرلارنىڭ تەتىلدە ئۆيىگە قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنمىغان.[57]

مەزكۇر گېزىت يەنە زاۋۇتتىكى ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ چىڭداۋغا شىنجاڭ ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنلىكىنى، ئۆزلىرى خالاپ كەلمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان.

«ۋاشىنگتون پوچتىسى گېزىتى» تەرىپىدىن 2020 - يىلى يانۋاردا ئېلان قىلىنغان زاۋۇتنىڭ سۈرەتلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، بىنالارغا قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغان، ئەتراپقا تىغلىق سىم ۋە سىم رىشاتكىلار ئورنىتىلغان. ئۇيغۇر

ئىشچىلار زاۋۇت قورۇسى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرەلەيدىكەن. بىراق، ئۇلارنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى چىراي پەرقلەندۈرۈش كامېراسى ئورنىتىلغان يان دەرۋازىدىكى ساقچىخانا تەرىپىدىن يېقىندىن كۆزىتىلىدىكەن.

مەزكۇر گېزىتنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى ئۇيغۇر ئىشچىلىرى دېگىدەك خىتايچە بىلمەيدىغان بولۇپ، يەرلىك كىشىلەر بىلەن بولغان ئالاقە ئاساسەن يوق ئىكەن. ئۇلار زاۋۇتنىڭ ئايرىم ئاشخانىسىدا ياكى زاۋۇتنىڭ ئۇدۇلىدىكى «ھالال» بەلگىسى ئېلىۋېتىلگەن مۇسۇلمانچە رېستوراندا غىزالىنىدىكەن. ئۇلار خىتاي ئىشچىلاردىن ئايرىم زاۋۇتنىڭ يېنىدىكى بىنالاردا تۇرىدىكەن.[58]

ASPI زاۋۇتلارنىڭ ئىچىدە ئىشچىلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتىنىڭ يېقىندىن كۆزىتىلىدىغانلىقىغا ئائىت پاكىتلارنى بايقىغان. مەقسەتلىك قۇرۇلغان «پسىخىك يېتەكلەش ئىشخانىسى» (心理疏导室) دا تەيگۇاڭنىڭ يەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىدىكى خىتاي ۋە ئۇيغۇر كادىرلار «يۈرەكتىن يۈرەككە» سۆھبىتى ئېلىپ بېرىپ، پسىخىكا جەھەتتىن مەسلىھەت بېرىدىكەن ۋە ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ «ساپاسى»نىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدىكەن.[59] بۇنداق ئىشخانا ۋە خىزمەتلەر شىنجاڭدىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى»دىمۇ مەۋجۇت.[60]

رەسىم 4: تەيگۇاڭ زاۋۇتىدىكى ئاز سانلىق مىللەت ئىشچىلىرىنىڭ ياشلارنىڭ ئائىلىسى» دەپ ئاتىلىدىغان قىرائەتخانىسى



*مەنبە: «لەيشىدە ئىشلەيدىغانلار نەقەدەر بەختلىك-ھە!» (在莱西这里上班的人有福了!)، لەيشىنىڭ ئالقىنىدا ((掌上莱西، ئۈندىدار، 2019 - يىلى، 21 - ئىيۇل.*

خىتاينىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تەيگۇاڭدىكى مىللىي ئىشچىلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە باشقۇرۇلۇشىنى ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان نەمۇنە دەپ قارايدۇ. يەرلىك تاراتقۇلارنىڭ 2019 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئېلان قىلغان خەۋىرىگە قارىغاندا، سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ ياڭ ۋە خىتاي جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرى جاۋ كېجى تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ بۇ خىل باشقۇرۇشنى مەدھىيەلىگەن.[61] ھۆكۈمەت ئىستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، 2017 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە، 4710 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى شىنجاڭدىن شەندۇڭغا يۆتكەلگەن (بۇ ھۆكۈمەت نىشانىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە تەڭ).[62]

ئىشچىلارنى پارتىيە ئورگانلىرى يېقىندىن كۆزىتىدۇ. جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسى ۋە بىرلىكسەپ خىزمەت بۆلۈمىنىڭ يەرلىك ئەمەلدارلىرى ئۇيغۇرلارنى «ياللىغان» شەندۇڭ شىركەتلىرى بىلەن قەرەللىك ئۇچرىشىپ، ئىشچىلارنىڭ «ئىدىيەۋى يۈزلىنىشى ۋە پەيدا بولغان مەسىلىلەر»نى مۇزاكىرە قىلىدۇ.[63] بۇ ئورگانلارنىڭ يەنە تەيگۇاڭغا ئوخشاش زاۋۇتلارنىڭ ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋەكىللىرى بار بولۇپ، ئۇلار ھەر كۈنى ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ «ئوي-پىكىرلىرى»نى دوكلات قىلىدۇ، تالاش-تارتىشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ ۋە ئۆزلۈكىدىن «ئاممىۋى ۋەقەلەر»نىڭ چىقىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.[64] 2018 - يىلى، بىر خىزمەتچى قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشىدا چىگداۋنىڭ ئاز سانلىق مىللەت تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ياردەمچى ساقچىلارنى ئىزدەۋاتقانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.[65] شىنجاڭدا ياردەمچى ساقچىلار تۇتۇپ تۇرۇش لاگېرلىرىغا ئادەم ئەكىلىش ۋە تۇتۇپ تۇرۇلۇۋاتقان مەزگىلدە ئۇلارنى نازارەت قىلىشقا مەسئۇل.[66]

رەسىم 5: 2018 ـ يىلى ئىيۇلدا 176 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ تەيگۇاڭ ئاياغ پاي چەكلىك شىركىتى ۋە فۇلىن ئېلېكترون شىركىتىدە ئىشلەش ئۈچۈن شىنجاڭنىڭ چىرا ناھىيىسىدىن چىڭداۋغا مېڭىش ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن «خوشلىشىش مۇراسىمى» .



*مەنبە: «چىرا ناھىيىسى شەندۇڭ كارخانىلىرىدا مۇقىم ئىشلەش ئۈچۈن 176 نەپەر ئىشچىنى تەشكىللىدى» (策勒县组织176名务工人员赴山东企业稳定就业)، ئانارلىق (石榴园)، ئۈندىدار ، 2018 ـ يىلى، 5 ـ ئىيۇل.*

2018 ـ يىلى يانۋاردا، خوتەندىكى يەرلىك تاراتقۇلار تەيگۇاڭدىكى 130 ئۇيغۇر ئىشچىنىڭ خوتەن ۋىلايەتلىك ھۆكۈمەتكە يازغان «مىننەتدارلىق خېتى»نى ئېلان قىلغان.[67] خىتاي تىلىدا يېزىلغان خەتتە، ئۇيغۇر ئىشچىلار ئۆزلىرىنىڭ چىڭداۋغا ئەۋەتىلىشتىن بۇرۇن نامراتلىق پاتقىقىغا پېتىپ قالغانلىقىنى بايان قىلغان ۋە ھازىر ئايدا 2850 يۈەن (413 دوللار، خىتايدىكى ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققىدىن يۇقىرى) مائاش ئېلىۋاتقانلىقىدىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.[68] ASPI ئىشچىلارنىڭ ئالغان ئىش ھەققى ياكى مەزكۇر خەتنىڭ چىنلىقىنى دەلىللىيەلمىدى. خەتتە مۇنداق دېيىلگەن: چىڭداۋغا كەلگەندىن كېيىن، ئىشچىلار دىنىي ئاشقۇنلۇقنىڭ خەتىرىنى تونۇپ يەتتى ۋە ھازىر «گۈزەل ئىستىقبالنى»نى كۆردى.[69]

## «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» (援疆)

ئۇيغۇرلارنى يىلتىزىدىن ئايرىپ، خىتاينىڭ مەركىزىي ۋە شەرقىي قىسىم رايونلىرىدىكى زاۋۇتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇش يېڭىدىن باشلانغان ئىش ئەمەس. 2000 - يىللاردىن باشلاپ، خىتاي ھۆكۈمىتى ئالدىن بېكىتىلگەن دېڭىز بويىدىكى ئۆلكە-شەھەرلىرىنى «مىللەتلەر ئارا يۇغۇرۇلۇش» (民族交融) ۋە «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش» (扶贫)نى تېزلىتىش نامى ئاستىدا شىنجاڭ ۋە تىبەتكە ئوخشاش چېگرا رايونلىرىنى ئېچىشقا سەپەرۋەر قىلغان ۋە ئىشچىلارنى يۆتكەشكە ئىلھام بېرىپ كەلگەنىدى.[70]

بۇ پىلان بويىچە يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلار ئىچىدە ئۆزلىرى خالاپ بارغانلار يوق دېيەرلىك. «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» سىستېمىسى بەرپا قىلىنىشتىن خېلى بۇرۇنقى 2000 - يىللاردىلا، يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلارنىڭ ياشاش ۋە ئىشلەش شارائىتى، خورلاش دېمەككەندىمۇ ئېكسپىلاتاتسىيە خاراكتېرىگە ئىگە ئىدى.[72] ئۇيغۇرلارنى ئۆي-ماكانلىرىدىن ۋە ئەنئەنىۋى تۇرمۇش ئۇسۇلىدىن قەستەن ئايرىپ، ئاچكۆز خوجايىنلارنىڭ رەھىمسىزلىكى ۋە خىتاي ئىشچىلارنىڭ يەكلەشلىرى ئاستىدا ھەددىدىن زىيادە ئىشلەشكە مەجبۇرلىغانلىقى ئۈچۈن بۇ خىل پىلانلار ئىزچىل كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچراپ كەلدى.[72]

گۇاڭدوڭدىكى بىر زاۋۇتتا خىتاي ۋە ئۇيغۇر ئىشچىلار ئارىسىدا يۈز بەرگەن جېدەل-ماجىرالار 2007 - يىلى ئىيۇلدا شىنجاڭنىڭ مەركىزى ئۈرۈمچىدە قانلىق قوزغىلاڭغا سەۋەب بولغاندىن كېيىن، ئالاقىدار زاۋۇت خوجايىنلىرى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلەرنى ئىشلىتىشنى زور دەرىجىدە ئازايتتى.[72]

بۇ قوزغىلاڭنىڭ كەينىدىن، خىتاي ھۆكۈمىتى 2010 - يىلىدا قەرەللىك «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش يىغىنى» ئېچىشنى باشلىدى.[73] رايوننىڭ تەرەققىياتى ۋە مۇقىملىقىغا «ياردەم بېرىش» نامىدا، باي ئۆلكە ۋە شەھەرلەرنى شىنجاڭدىكى ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە شەھەرلەر بىلەن «قوشماق تۇققان» بولۇشقا سەپەرۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئىقتىسادىي تولۇقلىمىلار ۋە سىياسىي قوللاشلار يولغا قويۇلدى.[75]

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھەر قايسى ئۆلكىلەردىن «تېببىي جەھەتتە شىنجاڭنى يۆلەش» (医疗援疆)، «تېخنىكا جەھەتتە شىنجاڭنى يۆلەش»(科技援疆) ، «مائارىپ جەھەتتە شىنجاڭنى يۆلەش» (教育援疆) ۋە «سانائەت جەھەتتىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» ( 产业援疆)... قاتارلىق تۈرلۈك شەكىللەردە بۇ ياردەم بېرىش پىلانىغا ھەسسە قوشۇش تەلەپ قىلىندى.[76]

2017 - يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇرلارنى تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە تۇتقۇن قىلىشقا ئەگىشىپ،[77] بۇ خىل «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» پىلانى ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا چىقتى.[78] «سانائەت جەھەتتىن شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» ( 产业援疆) نامىدا، يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە شىركەتلەر «قايتا تەربىيەلەنگەن» ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى تېپىشقا كۈچەپ تەشۋىق قىلىندى.[79]

«سانائەت جەھەتتە شىنجاڭغا ياردەم بېرىش»تىن مەقسەت، نامراتلارنى يۆلەش نامىدا «بىكارچى» ئۇيغۇرلارغا ئىش تېپىپ بېرىشتۇر. بىراق، ئۇمۇ «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» سىستېمىسىغا ئوخشاشلا مېڭە يۇيۇشنى نىشانلىغان بولۇپ، زاۋۇت خوجايىنلىرىدىن ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ «قالاقلىقلىرىنى»نى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇلارنى خىتايلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۈپتىن ئۆزگەرتىش ئۈمىد قىلىندۇ.[80] بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇيغۇر ئىشچىلاردىن كومپارتىيەگە ۋە ئۆزلىرىنىڭ

خىتاي «قېرىنداشلىرى»غا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش تەلەپ قىلىنىدۇ.[81]

خىتاي مىقياسىدىكى كارخانىلار سانائەتتە «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش»كە مۇنۇ ئىككى خىل شەكىلدە قاتنىشالايدۇ:

- شىنجاڭ ئىچىدە «ھەمرا» (卫星) زاۋۇت ياكى سېخلارنى قۇرۇپ، «ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى» (富余劳动力)نى سۈمۈرۈش.[82] شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، ئۆتكەن بىر نەچچە يىلدا، «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» تۈرى بويىچە، جەمئىي 4 مىڭ 400 كارخانا شىنجاڭغا يەرلىشىپ، بىر مىليونغا يېقىن يەرلىكنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرغان.[83]
- بىر قاتار ئەمگەكچى يۆتكەش پىلانلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر ئىشچىلارنى خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدىكى زاۋۇتلىرىدا ياللاپ ئىشلىتىش.

خاۋ يۈەنپېڭ كىيىم-كېچەك چەكلىك شىركىتى (浩缘朋服装有限公司)گە ئوخشاش، بىر قىسىم شىركەتلەر بولسا سانائەت جەھەتتە ياردەم بېرىشنىڭ ئۇقۇرىدىكى ھەر ئىككى شەكىلگە قاتناشقان.[84]

شىنجاڭ تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ رەسمىي باياناتىغا قارىغاندا، 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» دىن چىققان ئەرزان ئەمگەكچىلەر شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە ئايلانغان.[85] نۆۋەتتە ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنى شىنجاڭدىكى «كەسپىي تەربىيەلەش» ۋە سىياسىي كاللا يۇيۇش لاگېرلىرىدىن خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلارغا توشۇيدىغان بىۋاسىتە لىنىيە شەكىللىنىپ بولغان. قاراقاش ناھىيەسىنىڭ 2019 - يىللىق بىر ھۆكۈمەت خىزمىتى دوكلاتىدا

كۆرستىلىشىچە، «تەربىيەلەنگەن ھەر بىر تۇركۇم (كىشىلەر) ئۇچۇن، بىر تۇركۇم ئىش ئورنى ھەل قىلىنىدىكەن ۋە شۇ تۇركۇم (كىشىلەر) يۆتكىلىدىكەن».[86] بەزى ئەھۋاللاردا، «تەربىيەلەنگەن» ئۇيغۇرلارنىڭ 100% ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كەسپىي تەربىيەلەش ۋە سىياسىي كاللا يۇيۇش باشلانماي تۇرۇپلا، ئەمگەكچىلەرنى شىنجاڭدىن يۆتكەش خىزمىتى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.[87]

## شىنجاڭنىڭ ئەمگەكچىلەرنى يۆتكەش پىلانى

خىتاينىڭ دۆلەت ئىلكىدىكى تاراتقۇلىرى ۋە رەسمىي ھۆكۈمەت ئۇقتۇرۇشلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، 2017 ـ يىلىدىن 2019 ـ يىلىغىچە، 80 مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئىشچى شىنجاڭدىن سىرتقا يۆتكەلگەن. ASPI بۇ يۆتكەشلەرگە مۇناسىۋەتلىك سانلىق مەلۇماتلارنى خەرىتىلەشتۈردى. ئالتىنچى رەسىمدە سىتىرېلكا قانچە چوڭ بولسا، شۇنچە كۆپ ئادەم يۆتكەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. چېكىتلىك سىزىقلار بولسا ناھىيەلەردىن-زاۋۇتلارغا بىۋاسىتە يۆتكەشكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ دىئاگراممىدا ئەھۋالنى تولۇق ئىپادىلىيەلىشى ناتايىن، شۇنداقتىمۇ، مەزكۇر پىلاننىڭ كۆلىمى ۋە ھەجمىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

رەسىم 6: 2017 ـ يىلىدىن 2020 ـ يىلىغىچە ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاينىڭ باشقا جايلىرىغا يۆتكىلىش ئەھۋالى.



*مەنبە: ASPI نىڭ خەلقئارا تور سىياسەت مەركىزى يەرلىك تاراتقۇلارنىڭ خەۋەرلىرى ۋە رەسمىي ھۆكۈمەت ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قاتار سانلىق مەلۇماتلارغا ئاساسەن تۈزگەن.*

خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشكە دائىر سانلىق مەلۇماتلىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن شىمالىي شىنجاڭغا يۆتكەش، شىنجاڭدىن باشقا ئۆلكىلەرگە يۆتكەش ۋە يەرلىكتىكى زاۋۇتلارغا يۆتكەش... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان قاراقاش ناھىيەسىنىڭ دوكلاتىغا

ئاساسلانغاندا، شىنجاڭنىڭ سىرتىغا ئەۋەتىلگەن ئىشچىلار شىنجاڭنىڭ ئومۇمىي ئىشچى يۆتكەش نىسبىتىنىڭ %8910 ~ %9050 نى تەشكىل قىلىدۇ.

يېقىنقى يىللاردا، شىنجاڭدىن خىتاينىڭ باشقا جايلىرىغا يۆتكەش نىسبىتى سەجىل ئاشقان. دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، 2017 - يىلىدا، 20 مىڭ 859 نەپەر يېزا ئېشىنچا ئەمگەكچىلىرى باشقا ئۆلكىلەرگە ئىشلەشكە ئەۋەتىلگەن.[91] ASPI نىڭ ئېلان قىلىنغان سانلىق مەلۇماتلارنى ئانالىز قىلىشىغا ئاساسلانغاندا، 2018 - يىلى تەخمىنەن 28 مىڭ ئادەم ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۈچۈن يۆتكەلگەن.[92] 2019 - يىلىدا بولسا، تەخمىنەن 32 مىڭ كىشى رايون سىرتىغا ئەۋەتىلگەن.[93]

شىنجاڭ دائىرىلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەكچى يۆتكەش نىشانلىرىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغانلىقىنى قايتا-قايتا تىلغا ئالغان.[94] 2017 - يىللىق نىشان 20 مىڭ بولۇپ، %4 ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغان.[95] 2019 - يىللىق نىشان بولسا 25 مىڭ بولۇپ، ئالاھەزەل %25 ئاشۇرۇپ ئورۇنلانغانلىقى خەۋەر قىلىنغان.[96]

ASPI، ئەمگەكچى يۆتكەش پىلانىغا مۇناسىۋەتلىك ئاچقۇچلۇق سۆزلەرنى ئىزدەش جەريانىدا، خىتاينىڭ ئىزدەش ماتورى بەيدۇ (Baidu) ئارقىلىق ئېرىشكەن ئۇچۇرلارنىڭ مىقدارى ئۈستىدە ئانالىز ئېلىپ باردى. 7 - رەسىم شىنجاڭدا ئاتالمىش «ئەسەبىيلىككە قارشى قاتتىق زەربە بېرىش ھەرىكىتى» باشلانغان 2014 - يىلىدىن ئېتىبارەن (ئۇيغۇرلارنى يۆتكەشلەرنىڭ) سەجىل ئاشقانلىقىنى، «قايتا تەربىيەلەش» ئەۋج ئالغان 2017 - يىلىدىن كېيىن بولسا تېخىمۇ زور دەرىجىدە كۆپەيگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭدىن ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشنىڭ يېقىنقى يىللاردا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈنتەرتىپىدە بارغانسېرى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

رەسىم 7: 2005 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە شىنجاڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەشكە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل ئاچقۇچلۇق سۆزلەرگە قارىتا بەيدۇنىڭ ئىزدەش نەتىجىسى.




*مەنبە: ASPI نىڭ خەلقئارا تور سىياسەت مەركىزى.*

سىياسىي غەرەزلەردىن باشقا، يەنە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنى «ئېلىپ ـ سېتىش» يەرلىك ھۆكۈمەتلەر ۋە ۋاستىچىلار ئۈچۈنمۇ ئوبدانلا نەپ تېگىدىغان بىر سودىغا ئايلانغاندەك تۇرىدۇ. 2018 ـ يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىر ئۇقتۇرۇشىدا كۆرسىتىلىشىچە، توققۇز ئايدىن كۆپرەك ئىشلەش مەقسىتىدە شىنجاڭنىڭ باشقا جايلىرىغا يۆتكەلگەن ھەر بىر يېزا ئېشىنچا ئەمگەكچىسى ئۈچۈن،[98] تەشكىللىگۈچىلەرگە 20 يۈەن (ئۈچ ئامېرىكا دوللىرى) مۇكاپات بېرىلىدىكەن؛ ئەمما، شىنجاڭ سىرتىغا يۆتكەلگەنلەر ئۈچۈن بۇ سان 15 ھەسسە يۇقىرى بولۇپ، 300 يۈەن (43.25 ئامېرىكا دوللىرى) ئىكەن.[99] ئىشچىلارنى قوبۇل قىلغان خىتاينىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلارمۇ شىنجاڭ ھۆكۈمىتىدىن تولۇقلىما ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلارغا بىر يىللىق توختام تۈزگەن ھەر بىر ئىشچى ئۈچۈن 1000 يۈەن (144.16 دوللار)، ئۈچ يىللىق توختام تۈزگەن ھەر بىر ئىشچى ئۈچۈن 5000 يۈەن (720.80 دوللار) نەق پۇل بېرىلىدىكەن.[100] شىنجاڭنىڭ رايونلۇق پايتەختى ئۈرۈمچىدە 2018 ـ يىلى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئايلىق ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى 1620 يۈەن (232.08 دوللار) ئىدى.[101]

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، «ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن ئۇيغۇر ئەمگەك

كۆچلىرى»نىڭ ئېلانلىرىمۇ توردا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. 2019 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، چىڭداۋغا جايلاشقان بىر شىركەت «ھۆكۈمەت يېتەكچىلىكىدىكى... لاياقەتلىك، بىخەتەر ۋە ئىشەنچلىك» نۇرغۇن ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنى خىتايدىكى 10 نەچچە ئۆلكىگە ئەۋەتىدىغانلىقى ھەققىدە ئېلان چىقارغان (8 ـ رەسىم).[102]

رەسىم 8: چىڭداۋ دېكەي بېزەكچىلىك شىركىتىنىڭ باشقا ئۆلكىلەرنى ھۆكۈمەت تەشكىللىگەن شىنجاڭلىق ئۇيغۇر ئىشچىلىرى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ئېلانى.




*ئەسكەرتىش: بۇ ئېلاندا ئەنئەنىۋى كىيىم بىلەن ئۇسسۇل ئويناۋاتقان ئىككى ئۇيغۇرنىڭ كارتون رەسىمى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.*

*مەنبە: «شىركىتىمىز نۇرغۇن ھۆكۈمەت (تەشكىللىگەن) شىنجاڭلىق ئىشچىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ» (我司提供大量政府新疆工人)، چىڭداۋ ئادەم كۈچى بايلىقى تور بېكىتى (青岛德才人力资源网) .*

يەنە بىر يېڭى ئېلاندا 16 ياشتىن 18 ياشقىچە بولغان 1000 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقى ئېيتىلغان. ئۇنىڭدا «شىنجاڭ ئىشچىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى: يېرىم ھەربىي تۈزۈمدە باشقۇرۇلۇش، جاپاغا چىداش ۋە قېچىپ كەتمەسلىك بولۇپ... ئەڭ ئاز بولغاندا 1000 ئىشچى زاكاس قىلىش كېرەك!» دەپ يېزىلغان. مەزكۇر ئېلاندا يەنە زاۋۇت مەسئۇللىرى شىنجاڭ ساقچىلىرىنىڭ زاۋۇتلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، 24 سائەت تۇرۇشى ئۈچۈن ئىلتىماس قىلسا بولىدىغانلىقى، ھەمدە بىر يىللىق توختام ئىمزالانغاندىن كېيىن 15 كۈن ئىچىدە ئىشچىلارنىڭ (ئۇيغۇر ئاشپىزى بىلەن بىللە) يەتكۈزۈپ بېرىلىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان (9 ـ رەسىم).

رەسىم 9: «يېرىم ھەربىي تۈزۈمدە باشقۇرۇلىدىغان» ياش ئۇيغۇر ئىشچىلىرى بىلەن تەمىنلەش ئېلانى.


1000 ethnic minorities awaiting online booking

1000少数名族，在线等预约

只看楼主 收藏 回复

抖音名字耿直货

初级粉丝 1

新疆政府组织出来新疆实习生1000人左右，政审，体检合格，年龄16至18周岁，由新疆政府委派正式在编干部管理，厂方有需求可申请新疆籍在编警察24小时驻厂管理！合同期为一年起签！新疆厨师可自带，要有统一的员工宿舍，（方便管理）。签定合同后人员15天内到企业！请有用工需求的企业提前联系！用新疆工的优势是：半军事化管理，能吃苦，人员不流失，合同签多久，就上班多久！100人起送！

The Xinjiang government has organised around 1,000 trainees from Xinjiang who have already passed political and medical examinations. They are between 16-18 years old and are managed by Xinjiang government-appointed cadres. Factories can apply for current Xinjiang police to be stationed 24-hours a day for in-factory management! Contracts signed for one year to start! Can supply own Xinjiang chef but a separate dormitory is required for the workers (for easy management). Workers will arrive at your enterprise within 15 days of signing the contract! Companies with labour needs please contact in advance! The advantages of using Xinjiang labour are: semi-military style management; can withstand hardship; no loss of personnel; will work for the length of the contract! Minimum order 100 workers!

中国大陆

*مەنبە: «1000 ئاز سانلىق مىللەت توردا زاكاس قىلىشنى ساقلاۋاتىدۇ» (1000少数民族,在线等预约)، بەيدۇ HR مۇنبىرى(百度HR吧)*
*2019 ـ يىلى 27 ـ نويابىر.*

## ئۆرنەك تەتقىقات 2: «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرى» دىن - مەجبۇرىي ئەمگەك تەقسىماتلىرىغىچە

نۆۋەتتە شىنجاڭدىكى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرلىرىنى پۈتتۈرگەن» تۇتقۇنلارنىڭ بىۋاسىتە خىتاينىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلارغا ئىشلەشكە ئەۋەتىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر قىسىم پاكىتلار ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇلارنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن ئەۋەتىلىش مۇمكىنچىلىكى يوق.

خاۋ يۈەنپېڭ كىيىم-كېچەك چەكلىك شىركىتى (浩缘朋制衣有限公司, HYP)ھەم شىنجاڭدىكى ھەمراھ زاۋۇتى (2018 - يىلى قۇرۇلغان) ئارقىلىق؛[103] ھەمدە ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنى باش شتابى جايلاشقان ئەنخۇي ئۆلكىسىگە يۆتكەش ئارقىلىق «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش»كە قاتناشقان. HYP نىڭ كارخانا تور بېتىدە، ئۇنىڭ ئىتالىيە-كورېيەنىڭ مودا ماركىسى Fila، گېرمانىيەنىڭ تەنھەرىكەت كىيىمى شىركەتلىرىدىن Adidas، Puma ۋە Nike بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقى بارلىقى ئېيتىلغان.[104]

2018 - يىلى 2 - ئايدا، HYP شىنجاڭدىن جەمئىي 500 ئىشچى يۆتكەش پىلانىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە، 63 نەپەر ئىشچىنى خىتاينىڭ شەرقىگە جايلاشقان ئەنخۇي ئۆلكىسىدىكى زاۋۇتىغا يۆتكىگەن[105]. بىر ھۆكۈمەت دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يۆتكەلگەن ئىشچىلارنىڭ ھەممىسى پەيزاۋات ناھىيەلىك كەسپىي تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىنى (伽师县中等职业学校) «پۈتتۈرگەنلەر» ئىكەن.[106] ASPI نىڭ سۈنئىي ھەمراھ تەسۋىرى ئانالىزى ۋە رەسمىي ھۆججەتلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، مەزكۇر «مەكتەپ» 2017 - يىلىدىن بېرى «قايتا تەربىيەلەش لاگېرى» سۈپىتىدە پائالىيەت قىلىپ كەلگەن. شۇنداقلا مەكتەپنىڭ كۆلىمى زورىيىپ، يېڭى ياتاق بىنالىرى بىلەن

زاۋۇت ئامبارلىرى سېلىنغان. يەنە مەكتەپ ئىچىگە بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى ئورنىتىلىپ، «ھەربىي تۈزۈمدە باشقۇرۇش» يولغا قويۇلغان (10 - رەسىمگە قاراڭ).[107]

رەسىم 10: پەيزاۋات كەسپىي مەكتىپىنىڭ 2018-يىلى يانۋاردىكى سۈنئىي ھەمراھ كۆرۈنۈشى، 2017-يىلدىن باشلاپ تەسىس قىلىنغان بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرى ئاپىلىسىن رەڭدە كۆرسىتىلگەن.




*ئەسكەرتىش: ياتاق بىنالىرى بىلەن ئوقۇتۇش بىناسى قارىماققا باشقا سىياسىي تەربىيە لاگېرلىرىغا ئوخشاش ئۇسلۇبتا پۈتۈنلەي سىم تور بىلەن قورشالغان ۋە ئايرىۋېتىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا، يەنە يېقىن ئەتراپقا بەش دانە كىچىك زاۋۇت ئامبىرى سېلىنغان. مەنبە: ASPI نىڭ خەلقئارا تور سىياسەت مەركىزى.*

Adidas نىڭ بىر باياناتچىسى شىركىتىنىڭ HYP بىلەن ئاكتىپ مۇناسىۋىتى يوقلىقىنى، Adidas بەلگىسىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئەنخۇيغا يۆتكەش گۇۋاڭدۇڭ ھۆكۈمىتى تەشكىللىگەن «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» تۈرىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، بۇمۇ ئوخشاشلا شىنجاڭنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە زاۋۇت قۇرغان HYP غا چېتىلىدۇ (11 - رەسىم).[108]

رەسىم 11: HYP نىڭ شىنجاڭنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى زاۋۇتىنىڭ سۈنئىي ھەمراھ كۆرۈنۈشى.




*ئەسكەرتىش: زاۋۇت ئەتراپى سىم تور بىلەن قورشالغان، ئىچىدە بىر نەچچە ياتاق بىناسى بار بولۇپ رىشاتكىلار بىلەن ئايرىۋېتىلگەن. يەنە كېلىپ، قورۇ ئىچىگە بىر قانچە قاراۋۇلخانا تەسىس قىلىنغان. مەنبە: ASPI نىڭ خەلقئارا تور سىياسەت مەركىزى.*

HYP نىڭ باشلىقى زېڭ يىفا (曾亿法) يېقىندا دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، شىنجاڭدا زاۋۇت قۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ، خىتاينىڭ باشقا جايلىرىدا، ھەتتا چەتئەللەردىمۇ ياش ئىشچىلارنى تېپىش تەس ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇ «گەرچە چاۋشيەنلىك ئىشچىلارنىڭ سۈپىتى ياخشى بولسىمۇ، مەن چەتئەللىك ئىشچىلارغا پۇل خەجلەشنى خالىمايمەن. شۇڭا ئاخىرىدا شىنجاڭنى تاللىدىم» دېگەن.[109]

HYP نىڭ شىنجاڭدىكى زاۋۇتى ئېگىزلىكى 3 مېتىر كېلىدىغان رىشاتكا بىلەن قورشالغان ۋە ئالدى تەرىپىگە Adidas نىڭ چوڭ ئېلان تاختىسى ئېسىلغان (13 ـ رەسىم). زاۋۇتنىڭ ئىككى كىرىش ئېغىزى بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتى تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ، كەم دېگەندە بەش قاراۋۇلخانا قورۇنىڭ قالغان قىسمىنى نازارەت قىلىدۇ. HYP نىڭ ئەنخۈي ئۆلكىسىدىكى زاۋۇتىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىخەتەرلىك ئەسلىھەلىرىنىڭ بار-يوقلۇقى ئېنىق ئەمەس.

رەسىم 12: HYP نىڭ تەمىنات زەنجىرى




*مەنبە: ASPI ICPC . تەمىنات زەنجىرى ئۇچۇرلىرىنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالىغا قاراڭ.*

رەسىم 13: HYP نىڭ شىنجاڭ، قەشقەردىكى زاۋۇتى.




*مەنبە: شىركەتنىڭ سۈرەتلىرى(企业展示)، خاۋ يۈەنپېڭ كىيىم-كېچەك چەكلىك شىركىتى(浩缘朋服装有限公司).*

## ئۆرنەك تەتقىقات 3: «ئالما»نىڭ تەمىنات زەنجىرىدە ئۇيغۇرلارنى «قايتا تەربىيەلەش»

2017 ـ يىلى 12 ـ ئايدا، ئالما شىركىتىنىڭ باش ئىجرائىيە ئەمەلدارى تىم كۇك ئالمىنىڭ ھۆددىگەرلىرىدىن بىرى بولغان O_Film تېخنىكا چەكلىك شىركىتى 欧菲光科技股份 (有限公司)نى زىيارەت قىلغان[110] ۋە بۇ شىركەتنىڭ گۇاڭجۇدىكى زاۋۇتىدا چۈشكەن بىر پارچە رەسىمنى خىتاينىڭ ئىجتىمائىي ئالاقە سۇپىسى ۋېيبوغا چىقارغان.[111]

O_Film شىركىتى iPhone 8 ۋە iPhone X ئۈچۈن «ئۆز تارتىم كامېرا» ئىشلەپچىقراتتى.[112] مەزكۇر شىركەتنىڭ تور بېكىتىدە، ئۇنىڭ يەنە Huawei ، Lenovo ۋە Samsung... قاتارلىق كۆپلىگەن داڭلىق شىركەتلەر ئۈچۈنمۇ كامېرا ۋە سېزىمچان ئېكران زاپچاسلىرىنى ئىشلەپ بېرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان.[113]

رەسىم 17: تىم كۇكنىڭ 2017 ـ يىلى 12 ـ ئايدا O_Film نىڭ گۇاڭجۇدىكى زاۋۇتىدىن يوللىغان ۋېيبو يازمىسى.




*مەنبە: تىم كۇكنىڭ خىتاي ئىجتىمائىي تاراتقۇسىدىكى يازمىسى: «ئالامەت! O_Film دە iPhone 8 ۋە iPhone X نىڭ ئۆزتارتىم كامېرالىرىنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىنىۋاتقان قالتىس ۋە ئىنچىكە خىزمەتلەرنى تېخىمۇ يېقىندىن كۆرۈش نېسىپ بولدى».*

تىم كۇكنىڭ زىيارىتىدىن بۇرۇن، 2017 ـ يىلى 28 ـ ئاپرىلدىن 1 ـ مايغىچە، 700 نەپەر ئۇيغۇرنىڭ شىنجاڭنىڭ خوتەن ۋىلايىتىنىڭ لوپ ناھىيىسىدىن O_Film نىڭ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ نەنچاڭ شەھىرىگە جايلاشقان ئايرىم بىر زاۋۇتىغا يۆتكەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر چىققان ئىدى.[114]

مەزكۇر دوكلاتتا تىلغا ئېلىنغان باشقا شىنجاڭدىن ئىشچىلارنى يۆتكەش قىلمىشلىرىغا ئوخشاش، جياڭشىغا ئەۋەتىلگەن بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىش تەقسىماتىمۇ يۇقىرى دەرىجىدە سىياسىي تۈس ئالغان. شىنجاڭنىڭ بىر يەرلىك گېزىتىدە دېيىلىشىچە: ئىشچىلاردىن «ئىدېئولوگىيىسىنى تەدرىجى ئۆزگەرتىپ» ، «پارتىيەنىڭ شەپقىتىنى چۈشىنىدىغان، پارتىيىگە مىننەتدارلىق ھېس قىلىدىغان ۋە مۇقىملىققا تۆھپە قوشىدىغان» زامانىۋى، ئىقتىدارلىق ياشلارغا ئايلىنىشى تەلەپ قىلىنىدىكەن.[115] جياڭشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار لوپ ناھىيىسى ئەۋەتكەن «سىياسىي جەھەتتە ئىشەنچلىك» ۋە خىتاي-ئۇيغۇر تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان مەسئۇللار تەرىپىدىن باشقۇرۇلغان.[116]

كېيىن ئۆچۈرۈۋېتىلگەن بىر ئاخبارات باياناتىدا دېيىلىشىچە،[117] تىم كۇك O_Film گە قىلغان زىيارىتى جەريانىدا، شىركەتنىڭ «ئىشچىلارغا تۇتقان ئىنسانىي مۇئامىلىسى»نى ماختاپ، «ئىشچىلار شىركەتتە بارغانسېرى تەرەققىي قىلىۋاتقاندەك ۋە خۇشال ياشاۋاتقاندەك قىلىدۇ» دېگەن.[118]

بۇنىڭدىن 5 ئاي كېيىن، 2017 ـ يىلى ئۆكتەبىردە، شىنجاڭنىڭ خوتەن ھۆكۈمىتى O_Film بىلەن ئالاقىلىشىپ، يەنە 1300 نەپەر ئىشچى ئەۋەتىش ئۈمىدى بارلىقىنى ئېيتقان.[119] 2017 ـ يىلى 12 ـ دېكابىردا، ئۆزىنى O_Film دە ئىشلەيمەن دەپ تونۇشتۇرغان بىر ئۇيغۇر ئىشچى شىركەتنىڭ جياڭشىدىكى زاۋۇتىدا مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئىشچى بارلىقىنى ئېيتقان.[120]

رەسىم 15: O_Film نىڭ تەمىنات زەنجىرى.




*مەنبە: ASPIICPC. تەمىنات زەنجىرى مەنبە ئۈچۈرلىرىنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالىغا قاراڭ.*

O_Film ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىپ ئالما ۋە ئۇنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرىگە زاپچاس ئىشلەپ بېرىدىغان بىردىنبىر خىتاي زاۋۇتى ئەمەس. مەزكۇر دوكلاتتا ئالما شىركىتىنىڭ تەمىنلەش زەنجىرىدە بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۈچ زاۋۇتنىڭ بارلىقى ئېنىقلاپ چىقىلغان.

يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى بىر ھۆججىتىدە دېيىلىشىچە، 560 نەپەر شىنجاڭلىق ئىشچى خېنەنىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى زاۋۇتلارغا (Technology Foxconn نىڭ جېڭجۇدىكى ئەسلىھەلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئەۋەتىلگەن.[121] تەيۋەننىڭ فوكسكون شىركىتى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ توختاملىق ئېلېكترون مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقارغۇچى بولۇپ، Apple، Dell ۋە Sony… قاتارلىقلارنى ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەيدۇ.[122] ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، بۇ شىركەتنىڭ جېڭجۇدىكى زاۋۇتى دۇنيادىكى ئايفونلارنىڭ يېرىمىنى ئىشلەپچىقىرىدىكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن جېڭجۇ شەھىرى iPhone شەھىرى دەپ ئاتالغان.[123]

ئۇيغۇر ئىشچىلىرىنىڭ جېڭجۇدىكى بۇ زاۋۇتتا قانداق مۇئامىلىگە ئۇچرايدىغانلىقى ئېنىق ئەمەس. بىراق، نيۇ-يوركتىكى جۇڭگو ئەمگەك

كۆزىتىش تەشكىلاتىنىڭ 2019 ـ يىلى 9 ـ ئايدىكى دوكلاتىدا، فوكسكوننىڭ جېڭجۇدىكى زاۋۇتلىرىدا توختاملىق ئىشچىلارنىڭ (ئۇيغۇر ئىشچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئايدا كەم دېگەندە 100 سائەت ئىسپىمنا قوشۇپ ئىشلەيدىغانلىقى ئېيتىلغان.[124] ئۆتكەن ئون يىلدا، فوكسكون ئىشچىلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىشى، ھەتتا ئۆزلىرىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى بىلەن ئەيىبلىنىپ كەلگەن بولۇپ، يېقىندا ئۇنىڭ جېڭجۇدىكى زاۋۇتىدا يۈز بەرگەن ۋەقەمۇ شۇنىڭ ئىچىدە.[125] بۇ شىركەت يەنە «شىنجاڭغا ياردەم بېرىش» پىلانىغىمۇ ئاكتىپ قاتناشقان.[126]

رەسىم 16: ئۇيغۇر ئىشچىلىرى خۇبېي يىخۇڭ نەپىس بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتىگە يېتىپ كەلدى



*مەنبە: خۇبېي يىخۇڭ نەپىس بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتىنىڭ ئۇيغۇر ئىشچىلىرى شىنجاڭدىن خۇبېينىڭ شيەننىڭگە بېرىش سەپىرىدە. بۇ سۈرەت 2018 ـ يىلى مايدا خۇبېينىڭ ئۆلكە مەركىزى ۋۇخەندىكى ۋۇچاڭ پويىز ئىستانسىسىنىڭ سىرتىدا تارتىلغان.*

2018 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، 105 نەپەر ئۇيغۇر ئىشچى شىنجاڭنىڭ كېرىيە ناھىيىسىدىن خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ شيەننىڭگە جايلاشقان خۇبېي يىخۇڭ نەپىس بۇيۇملار ئىشلەپچىقىرىش چەكلىك شىركىتى (湖北奕宏精密制造有限公司, Hubei Yihong) گە ئەۋەتىلگەن.[127] ئىشچىلار

كەلگەندىن كېيىن، كومپارتىيىنىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارى خۇبېي يىخۇڭ زاۋۇتىنى زىيارەت قىلغان. ئۇ سۆزىدە، ئىشچىلاردىن كومپارتىيەدىن مىننەتدار بولۇپ تېزرەك ماسلىشىشنى، باشقۇرغۇچىلاردىن نازارەتنى ئاشۇرۇپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلغان.[128]

خۇبېي يىخۇڭ ئارقا چىراغ ۋە باتارېيە قېپى ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۇ دۇڭگۇەن يىدۇڭ ئېلېكترون چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (东莞市奕东电子有限公司) نىڭ تارماق شىركىتى بولۇپ، باش شىركەتنىڭ تور بېكىتىدە، ئۇنىڭ ئاخىرقى خېرىدارلىرىنىڭ ئالما ۋە خۇاۋېينى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئېيتىلغان. ناۋادا خۇبېي يىخۇڭ ياكى ئۇنىڭ ئانا شىركىتى، ئالمىنىڭ تەمىنلىگۈچىلىرى تىزىملىكىدە بولمىغان تەقدىردىمۇ، خۇبېي يىخۇڭنىڭ تور بېتىدە ئالما شىركىتىنى AirPods بىلەن بىۋاسىتە تەمىنلەيدىغان Goertek ئۇنىڭ خېرىدارلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن.[131]

**رەسىم ١٧: خۇبېي يىخۇڭنىڭ تەمىنات زەنجىرى**




*مەنبە: ASPIICPC. تەمىنات زەنجىرى مەنبە ئۇچۇرلىرىنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالىغا قاراڭ .*

2017 - يىلى، ئالما شىركىتىنىڭ تەمىنلىگۈچىسى ئۈچۈن زاپچاس ئىشلەپچىقىرىدىغانلىقىنى ئېيتقان يەنە بىر ئېلېكترون شىركىتى خۇبېي Highbroad يۇقىرى سۈپەتلىك ماتېرىيال چەكلىك شىركىتى (翰博高新材料

Highbroad 股份有限公司 ( 合肥 ) ) خوتەن ھۆكۈمىتى بىلەن كەلگۈسى ئۈچ يىلدا ھەر يىلى 1000 ئۇيغۇر ئىشلەش توغرىسىدا توختام ئىمزالىغان.[132] شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، 500 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خوتەن ۋىلايىتىنىڭ گۇما ناھىيىسىنىڭ يېزىلىرىدىن ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېيغا توشۇلۇپ، Highbroad نىڭ زاۋۇتلىرىغا ئىشقا چۈشكەن.[133]

2018 ـ يىلى، 544 نەپەر ئۇيغۇر گۇما ناھىيىسىدىن Highbroad نىڭ خېفېيدىكى تارماق شىركىتى فۇيىڭ فوتو ئېلېكتىر چەكلىك شىركىتى (合肥福映光电有限公司) گە يۆتكەلگەن.[134] دۆلەت تاراتقۇلىرىنىڭ خەۋرىگە قارىغاندا، ئۇيغۇر قىزى ئاينۇر مەمەتيۈسۈپ فۇيىڭدا ئۆزىنىڭ خىتايچىسىنى ياخشىلاشنى، ئىش ئورنى ئىنتىزامىنى، شۇنداقلا «ئۇزۇن چاچلىرىنى ئېلگىرىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ لەپىلدىتىدىغان» كۆندىلىك يۈيۈنۈشنى ئۆگەنگەن. خەۋەردە ئۇنىڭ « شى رەئىس ئېيتقاندەك، كۈرەشنىڭ نەتىجىسى ھامان خۇشاللىقتۇر» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.[135]

رەسىم 18 : ئاينۇر مەمەتيۈسۈپ ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ خېفېيدىكى Highbroad ئىلغار ماتېرىيال چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىشتىن كېيىنكى خىتايچە ئۆگىنىشىسىنىپىدا (سولدىن بىرىنچى كىشى)



*مەنبە: «ئۇيغۇر قىزى ئانىسىنىڭ چوڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ»، «خىتاي كۆندىلىك گېزىتى»، 2019 ـ يىلى، 6 ـ ئاۋغۇست.*

بۇ شىركەتنىڭ 2018 ـ يىللىق دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا،[136] Highbroad نىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتى تەكشى ئېكرانلىق زاپچاسلار، يەنى نۇرغۇن ئەقلىي ئىقتىدارلىق تېلېفون، ئايپەد ۋە كومپيۇتېرلارغا ئىشلىتىلىدىغان LCD ۋە OLED ئېكرانلىرى ئىكەن. Highbroad نىڭ كۆرسىتىشىچە، ئۇنىڭ تىجارەت كىرىمىنىڭ 79.19%ى بېيجىڭدىكى دۆلەت ھالقىغان شىركەت BOE تېخنىكا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى (京东方) گە مال سېتىشتىن كېلىدىكەن. BOE دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئېلېكترونلۇق ئېكران ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر. ئۇ نۆۋەتتە خۇاۋېينىڭ ئاساسلىق ئېكران بىلەن تەمىنلىگۈچىسى بولۇپ،[137] 2021 ـ يىلىغىچە ئالما شىركىتىنىڭ ئىككىنچى چوڭ OLED ئېكران بىلەن تەمىنلىگۈچىسىگە ئايلىنىدۇ.[138] BOE ھازىر ئالمىنىڭ تەمىنلىگۈچىلەر تىزىملىكىدە بار.[139]

Highbroad نىڭ تور بېكىتىدە ئېيتىلىشىچە، ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرى ياپونىيە ئېكران شىركىتى (Japan Display Inc) بىلەن LG Display نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.[140]

Highbroad نىڭ بەرگەن ئېلانلىرى[141] ۋە خىتاينىڭ بىر LCD كەسىپ كۆرسەتكۈچىدىمۇ[142] Highbroad نىڭ ئاخىرقى خېرىدارلىرىنىڭ يەنە Dell ، Samsung ، Lenovo ۋە Sony... قاتارلىق داڭلىق شىركەتلەرنى، شۇنداقلا Mercedes-Benz ، Land Rover ، Jaguar، BMW ۋە Volkswagen... قاتارلىق ماشىنا ئىشلەپچىقارغۇچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ئېيتىلغان (19 ـ رەسىم).

رەسىم 19: Highbroad نىڭ تەمىنات زەنجىرى




*مەنبە: ASPIICPC. تەمىنات زەنجىرى مەنبە ئۇچۇرلىرىنىڭ قوشۇمچە ماتېرىيالىغا قاراڭ .*

## دۇنياۋي تەمىنات زەنجىرى ئۈچۈن ئىشارەتلەر

مەملىكەت مىقياسىدا ئۇيغۇر ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش سىستېمىسىنىڭ تېز سۈرئەتتە كېڭىيىشى خىتايدا تىجارەت قىلىۋاتقان چەتئەل شىركەتلىرىگە يېڭى خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار قانداق قىلغاندا تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش بىلەن بىرگە، يەنە مەجبۇرلاش، كەمسىتىش ياكى خورلاش تىپىدىكى ئىشچى ئىشلىتىشكە چېتىلىپ، ئىناۋىتىنى تۆكۈۋېلىشتىن ۋە قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتىلىپ قېلىشتىن ساقلىنىپ قالالايدۇ؟ ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ كەتكەن تەمىنلەش زەنجىرى بىلەن خىتاي ۋە ئۇيغۇر ئىشچىلىرىدىن ئىبارەت ئىش كۈچلىرىنىڭ ئارىلاشما خاراكتېرى بۇ شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەككە چېتىلىپ قالماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ. بۇ ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پىلانى يەنە خىتاي ماركىلىرىنىڭ چەتئەلدىكى ئىناۋىتىگىمۇ خىرىس ئېلىپ كېلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ASPI نىڭ تەتقىقاتى 2019 - يىلىغىچە جەمئىي 83 چەتئەل ۋە خىتاي شىركىتىنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەش پروگراممىسى ئارقىلىق شىنجاڭ سىرتىغا يۆتكەلگەن ئۇيغۇر ئىشچىلاردىن بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك ھالدا پايدىلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ شىركەتلەر تۆۋەندىكىچە:

Abercrombie & Fitch, Acer, Adidas, Alstom, Amazon, Apple, ASUS, BAIC Motor, BMW, Bombardier, Bosch, BYD, Calvin Klein, Candy, Carter’s, Cerruti 1881, Changan Automobile, Cisco, CRRC, Dell, Electrolux, Fila, Founder Group, GAC Group

